## 13981 ـ زاكاتنى رامىزانغىچە كېچىكتۈرۈش توغرا بولمايدۇ

**سۇئال**

رامىزاندىن بىر ئاي بۇرۇن ماللىرىمنىڭ زاكىتىنى بېرىدىغان ۋاقىت كەلگەن بولۇپ، رامىزاندا ئايرىغان زاكاتنىڭ ساۋابى ئارتۇق بولغانلىقى ئۈچۈن مەن زاكاتنى كېچىكتۈرۈپ رامىزاندا ئايرىسام توغرا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتكەن مال ئىگىسى ئۈچۈن يىل توشقاندىن كېيىن دەرھال مالنىڭ زاكىتىنى ئايرىش كېرەك بولىدۇ، يىل توشقاندىن كېيىن زاكاتنى ئايرىشقا قادىر بولۇپ تۇرۇپ ئۇنى كېچىكتۈرۈش توغرا بولمايدۇ.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: وَسَارِعُوا إِلَى مَغْفِرَةٍ مِنْ رَبِّكُمْ وَجَنَّةٍ عَرْضُهَا السَّمَاوَاتُ وَالْأَرْضُ أُعِدَّتْ لِلْمُتَّقِينَ تەرجىمىسى: پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغپىرىتىگە ۋە تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان، كەڭلىكى ئاسمان ـ زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە ئالدىراڭلار. [سۈرە ئال ـ ئىمران 133-ئايەت].

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: سَابِقُوا إِلَى مَغْفِرَةٍ مِنْ رَبِّكُمْ وَجَنَّةٍ عَرْضُهَا كَعَرْضِ السَّمَاءِ وَالْأَرْضِ أُعِدَّتْ لِلَّذِينَ آمَنُوا بِاللَّهِ وَرُسُلِهِ تەرجىمىسى: پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغپىرىتىنى، كەڭلىكى ئاسمان ـ زېمىندەك كېلىدىغان جەننەتنى قولغا كەلتۈرۈڭلار، (ئۇ) جەننەت ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتقانلارغا تەييارلانغان، بۇ ئاللاھنىڭ پەزلىدۇر، (ئاللاھ) ئۇنى خالىغان ئادەمگە ئاتا قىلىدۇ، ئاللاھ ئۇلۇغ پەزل ئىگىسىدۇر. [سۈرە ھەدىد 21-ئايەت].

چۈنكى ئىنسان زاكاتنى كېچىكتۈرگەندە ئۆزىنىڭ قانداق ئىشلارغا دۇچ كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ، ئەگەر ئۆلۈپ كېتىپ قالسا ئۇنىڭ ئۈستىدە ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەت قالىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش زۆرۈر بولىدۇ.

چۈنكى كەمبەغەللەرنىڭ ئېھتىياجى ئۇ زاكاتقا ئالاقىدار بولۇپ، زاكاتنى يىل توشقاندىن كېيىن ئادا قىلماي كېچىكتۈرسە، كەمبەغەللەر ئۆزلىرىنىڭ ھاجەتلىرىنى ئادا قىلىشقا يەتكۈدەك بىر نەرسە تاپالمايدۇ. ["شەرھىل مۇمتىئ" 6-توم 187-بەت].

دائىمى كومىتېت ئالىملىرىدىن: بىر كىشى زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتكۈدەك ئىقتىسادقا ئىگە بولۇپ، رەجەپ ئېيىدا

زاكات ئايرىيدىغان ۋاقىت توشقان بولسا، ئۇ كىشى زاكاتنى كېچىكتۈرۈپ رامىزاندا ئادا قىلسا توغرىمۇ؟ دەپ سورىغاندا، ئۇلار جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: "ئۇ كىشى بۇ يىل رەجەپ ئېيىدا زاكات بېرىش ئۈلچىمىگە يەتكۈدەك مالغا ئىگە بولغان بولسا، ئۇ كىشىگە كېلەر يىلى رەجەپ ئېيىدا زاكاتنى ئايرىش كېرەك بولىدۇ، ئەمما كەمبەغەللەرنىڭ مالغا بولغان ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ مالغا ئىگە بولۇپ يىل توشۇشتىن ئىلگىرى رامىزان ئېيىدا مالنىڭ زاكىتىنى ئايرىسا توغرا بولىدۇ، ئەمما رەجەپ ئېيىدا زاكات ئايرىيدىغان ۋاقىت توشسا، ئۇ ۋاقىتدا زۆرۈر بولغان زاكاتنى ۋاقتىدا ئايرىماي ئۇنى رامزانغا كېچىكتۈرۈش توغرا بولمايدۇ. ["دائىمىي كومىتېت پەتىۋاسى"9-توم 392-بەت].

9-توم 395-بەتتىكى يەنە بىر پەتىۋادا: قۇرئان_ھەدىستە زاكاتنى ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلىشقا ئالدىراش توغرىسىدىكى دەلىللەر كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، زاكاتنى ئادا قىلىش زۆرۈر بولغان كىشى شەرئى ئۆزۈرسىز زاكاتنى ۋاقتىدا ئادا قىلماي كېچىكتۈرسە گۇناھكار بولىدۇ دېيىلگەن.

9-توم 398-بەتتىكى يەنە بىر پەتىۋادا: يىل توشقاندىن كېيىن شەرئى ئۆزۈر بىلەن يەنى يىل توشقاندا كەمبەغەللەرنىڭ تېپىلماسلىقى، زاكات ماللىرىنى ئۇلارغا يەتكۈزۈپ بېرەلمەسلىك ۋە مالنىڭ يوقاپ كېتىشى قاتارلىق سەۋەپلەرسىز زاكاتنى كېچىكتۈرۈش توغرا بولىدۇ، ئەمما پەقەت رامزاندا ئادا قىلىمەن دەپ زاكاتنى ئادا قىلىشنى كېچىكتۈرۈش توغرا بولمايدۇ، ئەمما زاكات ئايرىيدىغان ۋاقىت شەبانىنىڭ يېرىمىدا توشقان بولسا، ئۇ ۋاقىتتا بىر_ئىككى ھەپتە كېچىكتۈرۈپ زاكاتنى رامزاندا ئايرىسا بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.